# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 11 ـ ئاي
5
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25236 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللا بىلەن تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى پەيتىدە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللا بىلەن تېلېفونلىشىپ ئۆزئارا تەبرىكلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېرىم ئەسىردىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو ـ ئىتالىيە ئىككى دۆلەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ ئۆزئارا ياردەملىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلاردىن بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت ياراتتى، شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى

## جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، دۇنيا بىلەن بازار پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۆرتكە بولۇشنى خالايدۇ، دەپ تەكىتلىدى جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىش يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى




11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن شەكلىدە ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى



11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە، 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن شەكلىدە ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن شەكلىدە ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيا ئىقتىسادىدىكى مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللارنى كۆپەيتىۋەتتى، لېكىن جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمى يەنىلا تېزلەشمەكتە، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېچىۋېتىشكە يۈزلەنگەن، ھەمكارلىششقا يۈزلەنگەن چوڭ ۋەزىيەت ئۆزگەرمىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر قول تۇتۇشۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، ھەمكارلىشىپ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئالىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان ئورتاق ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچىشى كېرەك. جۇڭگو ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، جۇڭگو بازىرىنى دۇنيانىڭ بازىرىغا، ئورتاق بەھرلىنىدىغان بازارغا، كۆپچىلىكنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۆرتكە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشىدۇ. **(نۇتۇقنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە)**

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسى پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلدى. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېغىر زەربە بولدى، دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زىيان سالدى. جۇڭگو يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، بۇ يەر شارىۋى كاتتا سودا كۆرگەزمىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بازار پۇرسىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىغا تۆرتكە بولۇشتەك سەممىي ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولساقمۇ، بۇ يىل جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش قەدىمى يەنىلا تېزلەشتى. مەن 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە جاكارلىغان سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار تەدبىرلەر ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى. جۇڭگو ئىمپورتنى سىجىل كېڭەيتىدۇ. خەينەن ئەركىن سودا پورتىنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي لايىھەسى، شېنجېننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا كېلىشىمىنى كېڭەيتىپ تۈزۈش، ئىمپورت سودىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۆلگە رايونى يېتىشتۈرۈش، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم دۇنيا ئىقتىسادىدىكى مۇقىمسىز، ئېنىقسىز ئامىللارنى كۆپەيتىۋەتتى. تارىختىن قارىغاندا، مەيلى قانداق خەۋپ ـ خەتەر، قانداق ئاپەت، قانداق قارشى ئېقىمغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھامان ئالغا ئىلگىرىلىگەن، شۇنداقلا چوقۇم داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېچىۋېتىشكە يۈزلەنگەن، ھەمكارلىششقا يۈزلەنگەن چوڭ ۋەزىيەت ئۆزگەرمىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۈنيىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: رۇسىيە فېدېراتسىيەسى زۇڭتۇڭى پۇتىننىڭ تەكلىپى بىلەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر رەھبەرلىرى كېڭىشىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنىغا بېيجىڭدا قاتنىشىدۇ ھەم مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىننى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى رۇسىيە مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

سۇبىيېكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۆرەش قىلىش

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سىستېمىسىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سوممىسى 180 مىليون يۈەندىن ئاشتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن،** پراكتىكانت جاڭ بىنبىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى سىستېمىسى نامرات رايونلاردىن سېتىۋالغان، سېتىشقا ياردەم بەرگەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى جەمئىي 180 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 337 كارخانا، ئورۇن ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا تىزىملاتتى

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈشيې،** لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە، 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى شاڭخەي دۆلەت يىغىن، كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 337 كارخانا، ئورۇن ئىمپورت كۆرگەزمىسگە توردا رويخەتكە ئالدۇرۇپ تىزىملىتىشنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 34ى جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئىدارىسى بېكىتكەن نۇقتىلىق تەكلىپ قىلىنغان كارخانا. كۆرگەزمىگە قاتنىشىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ سودا ئۆمىكى شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش. كەلگۈسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش — يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تونۇشتۇرۇش يىغىنى ۋە «شىنجاڭ ياخشى جاي» باش تېمىسىدىكى مەدەنىيەتنى نامايان قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭ سودا ئۆمىكى «شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش. كەلگۈسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش — يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تونۇشتۇرۇش يىغىنى»نى باش تېما قىلىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدىن ئىبارەت «بىر پورت، ئىككى رايون»نى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم ماقالىسىدە يىرىك پىلان توغرىسىدىكى «تەكلىپ» تەييارلانغان 200 كۈندىكى سىرلار ئېچىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** كەلگۈسى بەش يىل، 15 يىلدىكى جۇڭگو قانداق بولىدۇ؟

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن تەرەققىياتنىڭ بۇ يېڭى يۈگمە رەسىمى دۇنيانىڭ ئالدىغا يېيىلغاندا، بىز چېگرا سىرتىدىكى نۇرغۇن تاراتقۇلارنىڭ مۇنداق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق:

«جۇڭگونىڭ ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلانى پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ» «5 ـ ئومۇمىي يىغىن جۇڭگونىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى» «جۇڭگو ‹قوش ئايلىنىش›نى چىڭ كۆزلەپ، يېڭى ئېشىش قۇتۇپى بەرپا قىلىدۇ»...

جۇڭگونىڭ «14 ـ بەش يىل»دىكى ھەم 2035 ـ يىلغىچە بولغان يېڭى ئورۇنلاشتۇرمىسى نېمە ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى؟ بۇ ئۇلۇغۋار پىلان قانداق تۈزۈپ چىقىلدى؟ كەلگۈسىدە قانداق تەرەققىي قىلىش يېڭى يۈزلىنىشنى تارقاتتى؟

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مۇھىم ماقالە «تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدىكى ئۇلۇغۋار پىلان — ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى›نىڭ دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»نى ئېلان قىلىپ، كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان نۇرغۇن تەپسىلات ۋە ھېكايىلەر ئارقىلىق جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ پروگراممىا خاراكتېرلىك ھۆججەتنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىدىكى سىرلارنى ئېچىپ بەردى، ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئۇچۇرلار زور ھەم چوڭقۇر مەنىگە ئىگە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، بىر نىيەتتە تەڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىياتنى كۆزلەيمىز

### — ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر، ۋاڭ يۈجاۋ

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئەستايىدىل ئۆگەندى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)